# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 9 - ئاي
26
شەنبە
维吾尔文 9 月26日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25196 - سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئانگولا زۇڭتۇڭى، پاپۇئا يېڭى گىۋىنىيە باش ۋەزىرى بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كەچتە ئانگولا زۇڭتۇڭى لورېنزو بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، جۇڭگو، ئانگولا ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش پرىنسىپى بويىچە، قەتئىي، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ يامرىشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىدى. ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى قوللىدى، بىر - بىرىگە ياردەم بەردى، ئىككى دۆلەتنىڭ قارشى تەرەپ دۆلەتتىكى چىۋەنلىرىنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ياخشى كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېرىشتى. جۇڭگو تەرەپ ئانگولا تەرەپكە قۇربىنىڭ يېتىشىچە داۋاملىق ياردەم بېرىشنى خالايدۇ، يېقىندا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنى ئانگولاغا ئەۋەتىدۇ. جۇڭگو تەرەپ ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھەم ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئافرىقا دۆلەتلىرى بىلەن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى خالايدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شى جىنپىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈش خىزمىتىگە توردا پىكىر ئېلىش پائالىيىتىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# ئالاقە تورىنىڭ خەلقنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىش، خەلقنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى مۇجەسسەملەش جەھەتتىكى رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈش خىزمىتىگە توردا پىكىر ئېلىش پائالىيىتىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئالاقە تورى ئارقىلىق «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تۈزۈش توغرىسىدا پۈتۈن جەمئىيەتتىن پىكىر ۋە تەكلىپ ئېلىش دۆلىتىمىزنىڭ بەش يىللىق يىرىك پىلان تۈزۈش تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئىش. بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى، جەمئىيەتنىڭ قاتنىشىش دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، نۇرغۇن ئىجابىي پىكىر ۋە تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئالاقىدار تارماقلار ۋاقتىدا رەتلەپ تەھلىل قىلىپ، ئەستايىدىل قوبۇل قىلىشى كېرەك. كەڭ خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ۋە تەكلىپلەر كەڭ ھەم كونكرېت بولۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى ماقالىسى

### خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا قويايلى

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

### خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا ھەر تەرەپلىمە، پۈتۈن دەۋرىيلىك كاپالەتلىك قىلىمىز

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ داۋالاش - سەھىيە سىستېمىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى

>> 4 - بەتتە

شىنجاڭ ياخشى

## 8 - ئايدا شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 30%تىن كۆپرەك ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خېي **خۇڭۋېينىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، 8 - ئايدا، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 15 مىليارد 630 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 31.5% ئېشىپ، تاشقى سودىدا مۇقىملىشىپ ياخشىلىنىش تەك ئېشىش ھالىتى كۆرۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت 11 مىليارد 760 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 39.9% ئاشقان؛ ئىمپورت 3 مىليارد 870 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 11.2% ئاشقان.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيىدا، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 89 مىليارد 90 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1.1% ئاشقان. سودا شەكلىدىن قارىغاندا، ئادەتتىكى سودا كۆلىمى مۇقىم ئېشىپ، ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 42 مىليارد 410 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 34.4% ئاشقان.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش بويىچە «100 شەھەر، 1000 ناھىيە، 10 مىڭ كەنتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى»

كەلپىن:

## كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلىدى، كەسىپ ئارقىلىق خەلقنى بېيىتتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى، ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن دېڭ لىجۈەن

كۆز پەسلى قوي ئەت ئالدىغان، قوينى نەسىللەندۈرىدىغان ئەڭ ياخشى پەسىل، كۆپ تۆللەيدىغان گۆش قويى باققان كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يۇرچى يېزىسى يۇقىرىس كەنتىدىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئاھالە پاتىمە ئابدۇراخمان قويلىرىنىڭ كېلەر يىلى ئەتىيازدا كۆپرەك قوزىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، ئۇ ئائىلە زىيارىتىگە كەلگەن كادىرغا مۇنداق دېدى: «ناھىيە قويچىلىق كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى، ھازىر مېنىڭ قوي بېقىپ بېيىش ئىشەنچىم ناھايىتى تولۇق، قوي بېقىش بويىچە تەربىيەلەش كۇرسى بولسا چوقۇم قاتنىشىمەن».

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كەلپىن ناھىيەسى كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى، تۆرلۈك «يېزا ئىگىلىكى»نى نام قىلغان كەسىپلەر دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا «مەنبە سۇ» ئاتا قىلدى.

### ئەنئەنىۋى كەسىپلەر يېڭىدىن شاخ چىقاردى

ئىشكى ئالدىدىكى بۇغداي پىششىقلاش كارخانىسىدا ئىشلەۋاتقان ئېلى مامۇت بۈگۈندىن ناھايىتى رازى ئىدى، «مەن كەلپىن ناھىيەسىنىڭ گەزلىك بازىرى قۇملۇق كەنتىدە چوڭ بولغان، ھازىر بىز ئورگاننىڭ بۇغدايىنى پىششىقلاپ يېشىل يېمەكلىككە ئايلاندۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ساتىمىز».

ئېلى شىنجاڭ ئەلنۇر يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى، ئۇ بۇ يەردە خىزمەت قىلغان ئون يىلدا، بۇ ئەنئەنىۋى ئۇن زاۋۇتىنىڭ كەلپىننىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى گۈزەل بولۇش، سۇ، تۇپراق، يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق يېتەرلىك بولۇش قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرىگە تايىنىپ، كەسىپ تەرەققىيات پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، تەدرىجىي ھالدا تېرىقچىلىق، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش، پەن تەتقىقاتنى بىر گەۋدە قىلغان ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى نۇقتىلىق باشلامچى كارخانىغا ئايلىنىشىغا گۇۋاھ بولدى.

كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش شەرق شاملى ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ «يېڭىدىن شاخ چىقىرىش»ىغا تۈرتكە بولدى. كەلپىن ناھىيەسىدە ئۆزگىچە سۇ، تۇپراق، يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق بايلىقى بولغاچقا، بۇ يەرنىڭ ئۇن، قوي گۆشى، سېرىق ئۆرۈك، چامغۇر قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. شۇڭا،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شىنجاڭ ساياھىتى ئالتۇن كۈزدە ئەسلىگە كەلدى



9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ساياھەتچىلەر قاناس مەنزىرە رايونىنىڭ ۋولۇگۆۋەندە سەيلە قىلماقتا. ئالتۇن كۈزدىكى قاناس مەنزىرە رايونى گۈزەل تۈسكە كىرىپ، تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى. □ شۇ گۋاڭجيەن فوتوسى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ گاڭ، رېن جياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، «خوتەن. شىزاڭغا كىرىش 9 - لىنىيەسى» ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش قىزىل لىنىيەسىدە يولغا چىقىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، سىچۈەن، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق جايلاردىن ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ كەلگەن 135 ساياھەتچى كېرىيەدىن يولغا چىقىپ، قەھرىمانلار قەدىمىي يولى —— «شىزاڭغا كىرىش 9 - لىنىيەسى»دە قايتا ماڭدى. 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى «جۇڭگو دېھقانلار مول ھوسۇل بايرىمى»دا، كۆچۈك ناھىيەسىدە قانات يايدۇرۇلغان كەڭ تۇپراقتىكى رەسىم كۆرگەزمىسى، بۇغداي دولقۇنلىرىنى كۆيشەن قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەر، چىڭگىل ناھىيەسىدە ئۆتكۈزۈلگەن جىغان ئۈزۈش بايرىمى ئوخشاشلا نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى.

ئالتۇن كۈزدىكى 9 - ئايدا، كۈز تۈسى بارغانسېرى قويۇقلىشىپ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرى سۈرەتتەك گۈزەل تۈسكە كىردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار ئارقا - ئارقىدىن 350 تۈرلۈك مەدەنىيەت ۋە ساياھەت پائالىيىتىنى يولغا قويۇپ، ساياھەتچىلەرنى كېلىپ سەيلە قىلىشقا جەلپ قىلدى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان ئۆلكە، شەھەرلەرمۇ بەس - بەستە كۈچ چىقىرىپ، ساياھەت ھۆددە ئايروپىلانى، ساياھەت مەخسۇس پويىزىنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى تەشكىللىدى، شىنجاڭنىڭ ساياھەت بازىرىدا تېز جانلىنىش ھالىتى بارلىققا كەلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## خوتەن تۇەنچېڭ: كونا شەھەر يېڭى تۈسكە كىردى

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

«ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىرىنچى سېپىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز ⑤

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، جوۋ پىڭ، سۇ شۆنمىڭ

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، خوتەن شەھىرىنىڭ كونا شەھەر رايونىدىكى تۇەنچېڭدا سەيلە قىلغاندا، كۆك ئاسمان، ئاپپاق بۇلۇتلار ئاستىدا سۇس قوڭۇر رەڭلىك كاھىشلار پارقىراپ تۇراتتى، كوچىلاردا قۇشلار سايراپ، گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى، ھەممە يەر يېشىللىققا پۈركەلگەنىدى. 9 - ئاي دەل خوتەننىڭ ئەڭ گۈزەل مەزگىلى، پۈتۈنلەي يېڭى تۈسكە كىرگەن تۇەنچېڭدىكى قاتار سودا دۇكانلىرىدىن خېرىدار چاقىرغان ئاۋازلار ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ، ئىنتايىن قىزىپ كەتكەنىدى.

«ئۆزگەرتىشتىن ئىلگىرى، بۇ يەردىكى ئۆيلەر كونا ئىدى، سۇ، توك، گازنى يورۇشلەشتۈرۈش مۇكەممەل ئەمەس، ئوت ئۆچۈرۈش يولىمۇ ئۆلچەملىك ئەمەس ئىدى» دېدى خوتەن تۇەنچېڭنى ئۆزگەرتىش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ باش ئىنژېنېرى ئابابەكرى توقسۇن.

خوتەن شەھىرىدىكى ناۋاغ كوچىسى شەھەرنىڭ مەركىزىي رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ جۇغراپىيەلىك جايلىشىشى مەركەزدىن تارقالما شەكىلدە بولۇپ، يول - كوچىلار بىلەن ئورالغان بولغاچقا، شۇ يەردىكىلەر تەرىپىدىن «تۇەنچېك» دەپ ئاتالغان. 2016 - يىلى، خوتەن شەھىرىنىڭ كونا شەھەر رايونى (تۇەنچېك)نى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى باشلانغان، ئۆزگەرتىلگەن ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى تەخمىنەن 420 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 3500 ئائىلىگە چېتىلغان.

ئىلگىرى، ئاھالە ئايگۈل مەتقۇربان ھارۋا ئىتتىرىپ مېۋە سېتىشقا تايىنىپ تۇرمۇشنى قامدايتتى، بىر ئائىلە كىشىلىرى بىر كونا ئۆيدە قىستىلىپ تۇراتتى. 2016 - يىلى 7 - ئايدا، ئۇنىڭ كونا ئۆيى بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئۆزگەرتىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، ھۆكۈمەت ھەر كۋادرات مېترىغا 580 يۈەندىن ياردەم تولۇقلىمىسى بەردى، ئۇ بۇنىڭغا ئۆزى غەملىگەن مەبلەغنى قوشۇپ ئىككى قەۋەتلىك بىنا ئۆي سالدى.

«1 - قەۋەتتىكى ئىككى دۇكاننى ئىجارىگە بېرىپ، ئۆزىمىز ئىشىك ئالدىدا مېۋە - چېۋە سودىسى قىلدۇق؛ 2 - قەۋەتتە بەش ئېغىز ئۆي بار بولۇپ، ھەربىرىمىزنىڭ بىر ئېغىزدىن ئۆيى بار بولدى.» يېپيېڭى تۇرالغۇسىغا قاراپ، ئايگۈل ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ھازىر ئىككى ئېغىز دۇكاندىن يىلدا 46 مىڭ يۈەن ئىجارە ھەققى كىرىدۇ. كونا شەھەر رايونى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ساياھەتچىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى، بىزنىڭ مېۋە - چېۋە، سوغۇق ئىچىملىك سودىمىزمۇ بارغانسېرى ياخشىلاندى. ئازراق پۇل يىغقاندىن كېيىن، مەن ھويلىنى قايتىدىن بېزەپ، بىر مېۋە - چېۋە تالالا بازىرى ئېچىشنى ئويلاۋاتىمەن».

سكانىرلاپ سىنى كۆرۈڭ

(ئاخىرى 2 - بەتتە)